


مۇھەممەد ئەخمدى

# تەنھا تىنىقلار

(بىر كۇپلېتلىق شېئىرلار)

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇھەممەد ئەخمىدى

# تەنھا تىنىقلار

(بىر كۆپلىتلىق شېئىرلار)

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئەركىن ئىبراھىم
ئىلغارجان سادىق
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات تاجى

# تەنھا تىنىقلار

## (بىر كۆپلېتلىق شېئىرلار)

**ئاپتورى: مۇھەممەد ئەخمىدى**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168 مم، 64 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 2.5
2002 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7—5371—4307—2/I • 2001
سانى: 1—3000
باھاسى: 5.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



مۇھەممەد ئەخمدى

# ئاپتوردىن

بالىلىق چاغلىرىمدىلا قەلبىمدە غەليان قوز-غاپ مېنى ئارامسىزلاندۇرۇپ كەلگەن شېئىرىيەت-نىڭ سەمىمىي ئىخلاسمىنى بولۇپ يۇرگىنىمگىمۇ ئون يەتتە يىل بولۇپ قاپتۇ. تۇنجى شېئىرىم ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ هازىرغىچە، يەتتە يۈز ئەللىك پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار» (كوللېكتىپ)، «سۆيۈۋالاي مەڭزىڭگە قوياش» (شېئىرلار توپلىمى)، «باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ‹ئەدەبىيات يې-تەكچىسى›»، «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلى-رى (ئۇيغۇر تىلى) دەرسلىكىدىكى كۆنۈكمە ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى» قاتارلىق كىتابلى-رىم نەشر قىلىنىپتۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ھەر دەقىقە شېئىر ئىشقىدا مەجنۇنمەن.

مۇشۇ بىرقانچە يىل مابەينىدە ھايات سەرگۇزەشتلىرىمنى بىر كۆپلىتلىق شېئىرلارغا جەملىگەنىدىم. بۇمۇ بىر توپلام بولۇپ قاپتۇ. كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سوۋغا قىلىش مەقسىتىدە دىققىتىڭلارغا سۇندۇم.

2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

# مۇندەرىجە


ياشلىق چېچەكلىرى ........................ 1
غايە— ئۈمىد تىۋىشلىرى .................... 17
سۆيگۈ دوستلۇق تىۋىشلىرى ................ 33
ۋاقىت، يادنامىلىرى ...................... 49
ئەخلاق بېزەكلىرى ......................... 57
ئۆدۈملار ..................................... 83
بىلىم، ھۈنەر ئۈزۈندىلىرى ............... 93
ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سەلبىي سۈرەتلىرى......... 105
تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى...................... 111
ھەقىقەت، ۋەتەن ئەقىدىلىرى ............. 131
تەبىئەت تۇيغۇلىرى ........................ 137

# ياشلىق چېچەكلىرى

## ياشلىقىم

بۇلۇتلارغا ئارتىپ تۇمەن ئارماننى،
چاقماق چىقىپ ئۆتكەن گۈزەل ياشلىقىم.
ئاخشاملىرى سۇتتەك ئايدىڭ كېچىدە،
لىرىك كۈيدىن پۈتكەن غەزەل ياشلىقىم.

# شۇنداق يېتىلدىم

چىن تۆمۈرنىڭ مىسران قىلىچى
ۋۇجۇدۇمغا قوشقان، جەسۇرلۇق.
چۆچەك ئاڭلاپ بولغانىدىم چوڭ
ھەم يېتىلدىم مانا غۇرۇرلۇق.

# يىگىتلىكىم

دوقاللاردىن، تۇساقلاردىن ئۆتتۇم مەن،
شاش تۇلپاردەك كىشنەپ تۇرۇپ چاپچىدىم،
مەنزىلسىرى ئىنتىلگىنىم — يىگىتلىك،
راھەت چۇشەپ جاپالاردىن قاچمىدىم.

# نەقىش چەكتىم ھاياتقا

ياشلىقتا نەقىش چەكتىم ھاياتقا،
گۈل بولدى قەدەملىرىم سولمايدىغان.
جاپانىڭ قەددى يادەك ئېگىلدۈ،
ئالدىمدا، قاي بەخت بار كۈلمەيدىغان؟

# ماۋزۇسىز

ئىشق ئوتى لاۋۇلدىغاچ يۈرەكتە،
چۈشەندىم مەن، چۈشەنگەنسەن مېنىمۇ.
ئورمانلارنى ئاي ئەگىگەن شۇ ئاخشام
قىلغان سۆزۈڭ ئېسىمدە بار ھېلىمۇ.

## قىز

ئۇ بەك يارقىن سېھىرلىك كىتاب،
تېخى ھېچكىم ئوقۇپ باقمىغان.
مىڭ قۇياشنى جەملىگەن ئاپتاپ،
ئاڭا ھەممە مەيدە قاقلىغان.

# جۈرئىتىم

يار چىللىسا مېنى جەڭگاھقا،
شۇ ھامانلا بولالايمەن تەل.
لەھەتكىمۇ كىرىمەن ھەتتا،
ھەم تۈنلەردە بولىمەن مەشئەل.

# ئويلايدىغىنىم

هايات گۈلۈم بەرق ئۇرسا، ئېچىلسا،
خۇش ھىدلىرى مىليون دىلغا چېچىلسا،
تېتىك روھىم يۇلتۇزلارغا قېتىلسا،
كۆز نۇرلىرىم ساداق بولۇپ ئېتىلسا.

## ياشلىقىمدا

ماراپ ياشلىق روجەكلىرىدىن،
يۇلقۇنىدۇ شاش ئىستەكلىرىم.
ئاشۇ تالاي ئىستەكلەر ئارا
نۇر چاچىدۇ قۇتلۇق ئىزلىرىم.

## مېنىڭ ناخشام

يەكۈنى شۇ ياشلىق ھاياتنىڭ،
«ئاھ مۇھەببەت دەھشەتلىك ئېقىن» .
شۇ ناخشىنى توۋلىغان پېتى،
بوسۇغاڭغا كېلىمەن يېقىن.

## ئۈمىدسىزلىك

ۋەسلىگە يەتمەي تۈرۈپ سۆيدۈم دېمە،
لەۋزىگە باقمايلا ھەم كۆيدۈم دېمە.
چېھرىنى بولمايدۇ دەملەپ ئىچكىلى،
تۇتسا ئاجىزلىق خۇيۇڭ ئۆلدۈم دېمە.

## خىسلىتىم

كۆڭلۈمنى بىر بۈيۈك تاشقا بىلىدىم،
قايناق ھېس ئەۋجىنى سۇغا چىلىدىم.
رەقىبكە مىلىك تاغار لەنەت ياغدۇرۇپ،
دوستلارغا ھەر جايدا نۇسرەت تىلىدىم.

# سەپەر قىلدىم

مەن ئۆپۆققا سوزدۇم قولۇمنى
ئارزۇلىرىم بولغاندا قوبۇل.
كۆرگىنىمدە پارلاق يولۇمنى،
سەپەر قىلدىم قۇياشقا ئۇدۇل.

# ئۇيغۇر قىزى

ئەگىم ئايغا ئوخشايدۇ قېشىڭ،
تۈندە روشەن نۇر چېچىپ تۇرغان.
مېھرىڭ بىلەن مېھرىم تۇتاشتى،
ئاشىقىڭمەن ساڭا تىۋىنغان.

# غايە - ئۈمىد تۈشلىرى

## ياشاش لوگىكام

ھاياتتا ئىنسانغا ياشىدىم پەقەت،
نى گۈزەل ئارمانغا بولۇپ قوشكېزەك.
خەلقىمنىڭ قەلبىدە قالسا پاك نامىم
ماڭا بۇ دۇنيادا زور بەخت دېمەك.

# خىيالىم

ھەر دائىم پالتاڭغا ساپ بولغۇم كېلۇر،
كۆڭلۈمنى ئاچارغا داپ بولغۇم كېلۇر.
چاشقاننىڭ ئۇۋىسى بولسامىمۇ مەيلى،
گۈلە ـ قاق، جىگدەڭگە قاپ بولغۇم كېلۇر.

# ئوت ئىچىدە تاۋلىنىش

يۇلتۇزلارنى قوينۇمغا سېلىپ،
يۇرەلەيمەن ئايدىڭ كېچىدە.
دىلدا ئۇنى مۇكەررەم بىلىپ،
تاۋلىنىمەن ئوتنىڭ ئىچىدە.

# تەلمۈرۈش

ياشىدىم بىر تالاي غەمنىڭ ئىچىدە،
دوقاللار دۈچ كەلسە گاھى مۈدۈرۈپ.
چاڭقىدىم تومۇزنىڭ ئاپتاپلىرىدا،
دەرىخا! بىر تامچە سۇغا تەلمۈرۈپ.

## تېڭىرقاش

ئۈمىدنىڭ كۆزىدىن تۆغۈلدۈم يىغلاپ،
كەتتىڭغۇ يۈرەكنى بىر دەرد غاجىلاپ.
دەرىخا! ئالدىمدا يوللار بەك تولا،
قايسىسى پارلايدۇ، بولمىدىم تاللاپ.

# ئىنتىلىش

گۈل تېرىپ ئۆتتۈم ھاياتقا گۈل تېرىپ،
پەن ـ ئىجادنىڭ قىزلىرىغا دىل بېرىپ.
بولسىمۇ گەر غايىگە يەتمەك قىيىن،
ياشىدىم تاڭلارغا دائىم ئىنتىلىپ.

# ئەتەم گۈزەل

قەرەللىك ئاتمىدىم بىر ئوق يېتىپ ۋەسلىمگە ـ
ۋەسلىمگە،
پەقەت قويمايدۇ ۋىجدانىم كى ھەر ئىشلاردا تەس-
لىمگە.
بولۇر جەزمەن گۈزەل ئەتەم ھامان پارلاق يولۇم
داغدام،
يېتەرمەن ساپ ئەقىل بىرلە باھار پەسلىمگە ـ
پەسلىمگە.

## ئىرادەم

ئىرادىلىك يىگىت بولدۇم ئاتامدەك،
مەنىلەرگە تولدۇرىمەن ھاياتنى.
بۆلۈت يېرىپ تۇمانلارنى بۆسىمەن،
غۇرۇر ماڭا بەرگەن ئاشۇ قاناتنى.

## ئارزۇيۇم

شىۋىرغان، جۇدۇنلۇق ـ سوغۇق قىشتىمۇ،
كۆچەتلەر چېچەكلەپ مېۋە بەرسىكەن.
ئىجادىم دەرىخى كۆكلەپ شۇ كەبى
نەۋرە ھەم پەۋرەمگە مىراس قالسىكەن.

# غايە ئۇرۇقى

ھەر قەلبىنىڭ ئېتىزىغا ئۆزگىچە،
چېچىلىدۇ بىر غايىنىڭ ئۇرۇقى.
ئېغىز تېگىپ مېۋىسىگە كۆزگىچە،
دىلنى مەپتۇن قىلار ھەتتا پۇرىقى.

# ئويلايدىغىنىم

ئاچاي دەيمەن غاپىللارنىڭ كۆزىنى،
ئۆز ئەقلىمنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرۇپ.
غەپلەت چۈشەپ ياتقانلارنى ئويغاتسام،
ئوك ـ سولۇمنى قىزىلگۈلگە تولدۇرۇپ.

# تىلەيدىغىنىم

كۆز ئېچىپ دۇنياغا تىلىدىم شۇنى،
ئاۋامنىڭ قەلبىدە يادلانسا نامىم.
مەيلىلا ئەبەدىي يالقۇن چىقىرىپ،
كۆيسە بەس خۇشاللىق، هاياتلىق شامىم.

# گۈل ئىشقى

قەبرەمدىمۇ ئۈنسە رەيھانگۈل
هاياتىمدىن بېشارەت بېرىپ.
گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ بۈلبۈل
يار ۋەسلىگە يەتكەندە غېرىب.

# يورۇقلۇق ئۈچۈن

چىلىلىغانغا قەدەر خورازلار،
يۈدۈپ ماڭدىم قۇياشنى مەغرۇر.
ئۆپكىغا ئاتتىم ئۈمىدىمنىڭ،
چاچراپ چىقتى ئۈندىن ئوتقاش نۇر.

# سۆيگۈ، دوستلۇق تۆشلىرى

# تۇنجى سۆيگۈ

يۇلتۇزىمىز قوشۇلغاندا ئاسماندا،
سىنىڭ بىلەن چىمەنزاردا تېپىشتۇق.
ئارمان بىلەن تىترەپ نازۇك لىۋىمىز،
پاك سۆيگۈنىڭ بال تەمىنى تېتىشتۇق.

# بولدى بەس

چۈش ئىلكىدە خىيالىمدىن كەچكەنلەر،
مۇھەببەتتىن مۇھەببەتكە، كۆچكەنلەر.
ئەمدى مېنىڭ چۈشۈمگىمۇ كىرمەڭلار،
خۇپىيانە كۆڭلۈمنى خۇش ئەتكەنلەر.

## ئۆتمۈشنى ئەسلەش

سۆزلەرسەنمۇ تۈندە ئۆكسۈپ ياش تۆكۈپ،
خىيالىڭغا كېلىپ قالسام سۆيگەننى.
سۈرىتىمگە قاراپ كۈندە نەچچە رەت،
ئاھ ياشلىق چاغ قولتۇقلىشىپ يۈرگەننى.

# گۈزىلىم

سەن ئاناڭغا دېگىن گۈزىلىم،
سەيلىمىزگە بەرسۇن ئىجازەت.
ھەر قەدەمگە تىلىسۇن مىڭ قۇت،
بەختىمىزگە جۈپ بولسۇن سۆلكەت.

## ھايات پەيزى

چىن سۆيگۈدىن شاخلايدۇ يۈرەك،
مىڭ ئارماننى باغرىغا تېڭىپ.
ھايات پەيزى شاشلايدۇ، دېمەك،
تومۇرلارغا قان بولۇپ سىڭىپ.

# ھىجران

دىدارلىشىش بولمىدى نېسىپ،
ھىجرانىڭدا يىغلايدۇ يۈرەك.
قىسمەتلەرگە ئىسىت ۋاي ئىسىت،
زۇلۇم ئىكەن ئىنسانغا كۆيەك.

# سۆيگۈ تېرىيمەن

کەڭ جاھانغا سۆيگۈ تېرىيمەن،
سۆيگۈلىرىم ئۈنەر بولۇپ گۈل.
سۆيۈپ ياشاپ سۆيۈپ قېرىيمەن،
گۈل شېخىدا سايرىتىپ بۇلبۇل.

# خىيالىمدىن كېچىدۇ

كېچىلىرى ئاسماندا،
جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار.
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ،
پەرىزاتتەك ئۇز قىزلار.

## ئېھتىمال

چىمەنزار يايلاقتا پادا باقار قىز،
قولىدا يىگىتكە تىككەن كەشتىسى.
ئېھتىمال شۇ كەشتە بىلەن باغلىنار
جۈپ يۈرەك تارىسى - قەلب رىشتىسى.

## يۈرەك

دوستنى ھەم رەقىبنى تونۇيدۇ يۈرەك،
ساداقەت بابىدا سىنالسا ئۇزاق.
سۇ ئىچمەس بىر ئۆستەڭ، ئىرىقتا ھەتتا،
بىر ۋەھشىي بۆرە ھەم ياۋاش قوزىچاق.

## مۇھەببەت

قىلىپ ئىزھار سۆيگۈ قىز ـ يىگىت،
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلىدۇ خۇشخۇي.
باغلار ئارا ئېچىلغان گۈلدەك،
تارقىتىدۇ ئەتراپقا ھىد ـ بۇي.

## يامان بولدى

تونۇشمىساق بوپتىكەن ئەسلى،
يامان بولدى تونۇشقىنىمىز.
يۈرەكلەرگە يۈكلەپ شېرىن دەرت،
ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغىنىمىز.

## مۇھەببەت

بوشلۇق ئارا ئاتتىم ئۆزۈمنى،
تىنىقىمدىن گۈلدۈرلىدى كۆك.
زېمىن ئۆزرە تىكتىم كۆزۈمنى،
ئېغىر بولغاچ ئۇ يۈكلىگەن يۈك.

## ئىسسىت

يارىم مەندىن ئۈمد ئۈزۈپ كەتتىلەر،
(ئېھتىمالىم مۇرادىغا يەتتىلەر).
ئۈزۈن بولدى ئىشق ئوتىدا نىمجانمەن،
بۇ ئاھ بىرلە كۆڭلۈمنى غەش ئەتتىلەر.

# ۋاقت يادناملرى

## ۋاقىت

ۋاقىت ئۆنۈم، قەدىرلىسە كىم ئۇنى،
پاتمان - پاتمان ئىجادىيەت يارىتار.
ئۆز ئەجرىدىن ئېچىلدۇرۇپ گۈللەرنى،
دىماغلارغا خۇش پۇراقلار تارىتار.

# كۈن ۋە تۈن

تۈن جاھاننى ئۇخلاتماق بولۇپ،
قاپقارا كىر يوتقاننى ياپتى.
ئويغاتماق بولۇپ، ئەكسىچە كۈن،
ئالتۇن تەڭگە چاچقۇلار چاچتى.

# ئۈچ خوجايىن

ئاي ئۆتەر، كۈن ئۆتەر، يىللارمۇ ئۆتەر،
ياشلىقنى ئەپ قاچار بۇ ئۈچ خوجايىن.
چىڭ تۇتماي ئەكسىچە بوش قويساق ئۇنى،
ھاياتنىڭ گۈلىنى قىسىش ناتايىن.

# بۇ — مېنىڭ ئۆمرۈم

قاتلىدى ئۈچ ئوننى ئۆمرۈم بەيگىدە،
ئارقىدا قالدى تۈمەن مىڭ ئىزدىمەك.
سىلكىسە ئەقلىم قۇشى كۆكلەردە پەر،
ئېچىلۇر ئالدىمدا سانسىز گۈل - چېچەك.

## كېچە

قارا زەرباب تونىنى كىيىپ
ياتىدۇ ئورمان،
تاڭ ۋەسلىنى چىللاپ خورازلار،
بوغىزىدىن تۆكىدۇ ۋولقان.

## مېنىڭ نىشانەم

تۇرسا دائىم گەجگەمدىن بېسىپ
ۋەزنى ئېغىر تۇرمۇشنىڭ يۈكى.
ھامان ئالغا چامداپ بارىمەن،
چىللاپ تۇرار ۋاقىت گۇدۇكى.

# ئەخلاق بېزەكلىرى

# جان بېقىش

ئەزەلدىنلا مېنىڭ كەسپىم ـ كۆتكەن خۇيۇم شۇ،
باشلىقىمغا ياخشىلارنى زورلاپ چاقىمەن.
شۇ ۋەجىدىن يۈزۈم يورۇق، ئىشلىرىم راۋان،
باشقىلارنىڭ گېپى بىكار جاننى باقىمەن.

## تەقدىر

كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئۆچتى سەت بولدۇم،
ئورۇقلارغا غىزا بولدۇم، ئەت بولدۇم.
بالامغىمۇ سۆزۈم ئۆتمەس بوپ قالدى،
دېمەك مانا ھەممە ئىشتا لەت بولدۇم.

## سەمىگلارغا سىلىپ قوياي

بىر قەدەمنى پەقەت ئارتۇق باسمىدىم،
مۇساپەمدە لېكىن قىردىن ئاشمىدىم.
كۆۋەجىدىم، بولدۇقلىدىم بولاقتەك
ياكى بىر رەت راسا قايناپ تاشمىدىم.

## مىزانىم

ياخشىنىڭ قىلغان سۆزىنى ئاڭلىدىم،
ئاڭلىدىمىۇ خىسلىتىنى داڭلىدىم.
مەن بەخت ئىزلەپ يۈرەرمەن ھەر زامان،
ئەشۇ يولدىن ھېچقاياققا قايمىدىم.

## قىممەت ۋە ھۆرمەت

تىرىك جانغا ھەربىر نەرسىنىڭ
بىلىنىدۇ قەدىر - قىممىتى.
شۇندا ئاڭا ئەجىر سىڭدۇرگەن
مېھنەتكەشنىڭ بولار ھۆرمىتى.

## ھاياتىمدا

ياخشىلار قىلسا نەسىھەت ئاڭلىدىم،
چىن ئەقىدە ـ خىسلىتىنى داڭلىدىم.
گەر خۇشامەت سازىنى چالسا بىراۋ،
ئاڭا مەن تەڭكەش بولۇپ شادلانمىدىم.

## تۆر ۋە پەگاھ

چىققىنىم راست كۆپ قېتىم تۆرگىمۇ،
چۈشكىنىمنى بىر دېمەڭ، پەگاھقىمۇ.
بايقىسام بىلمەپتىمەن ئەل قەدرىنى،
پاكىتىم يوق بولدى ھەق داۋاغىمۇ.

## بىر «شائىر»غا

ھېچ بەرمەيسەن باشقىلارغا گەپ،
قويە، ئۇنداق نەزمەڭنى ئاداش.
ھەر سورۇندا زىرىكتۇق سەندىن،
ئەزمە ئۇنداق ئەزمەڭنى ئاداش.

## ھەي، بەزىلەر

ئىت شۈنداق يۈزىدە تۈكى بار مەخلۇق
چىشلەيدۇ ئىگىسىنى قاۋاپ تۈرۈپ.
شۇ يوسۇن بەزىلەر بار ئارىمىزدا،
ئالىدۇ پاقالچاقتىن قاراپ تۈرۈپ.

## پەرۋاسىزلىق

ماختىنىغانغا كەتمىدىم كۆكتە ئۇچۇپ،
پۇۋلىگەنگە قالمىدىم ياكى ئۆچۈپ.
ۋەزنىم ئېغىر ئۆزۈمدەكلا قامەتلىك،
ئەل ئىچىگە شۇ سەۋەب كەتتىم چۆكۈپ.

## سىلىشتۇرما

شەپەرەڭلەر نۇرنى كۆرسە زارلايدۇ،
پەرۋانىلەر ئەپسۇس ئۇنى خالايدۇ.
ئۇ شەپەرەڭ، ئۇ پەرۋانە،
ھەر ئىككىسى ئۆز نەسلىدىن تانمايدۇ.

# كونا خۇيۇم

كونا خۇيۇم قوزغىلىپ بىردىن،
ياۋاشلارنىڭ مىندىم بويىنىغا.
يىلان بولۇپ چاقتىم بەزىدە،
تۇيدۇرماستىن كىرىپ قوينىغا.

# خۇشامەتچى

سەن خۇشامەت تونىنى كىيدىڭ بەلەن،
ماسلىشىپ قالدى ئۆزۈڭگە «ئۆز بەدەن» .
چۈشىسەن ئاخىر پۇشايمان غارىغا،
ئۆز ـ ئۆزۈڭچە ماختىنىپ يۈرگەن بىلەن.

## نەپ

ياخشىنى چاقتىم يامانغا پەش قىلىپ،
كۆيدۈرۈپ ئىچىدە ئۆتنى «مەش» قىلىپ.
ھەر قاچان نەپنى ئۆزۈم ئالدىم بەلەن،
كۆزدە ئالغاندەك ھوسۇلنى چەش قىلىپ.

# ھەسەتخور

باشقىلارنىڭ بەختىنى كۆرەلمەيسەن ھەسەتخور،
شېرىن ھايات پەيزىنى سۈرەلمەيسەن ھەسەتخور.
ئىچىڭ قارا يۈزۈڭدەك، پاكىت دېگەن پاكىت ئۇ،
زارلىساڭمۇ ئەلگە نەپ بېرەلمەيسەن ھەسەتخور.

# تۈلكە ۋە كۈلكە

تۈلكىنىڭ داپ چالغىنى — پەسكەشلىكى،
ئاغزىدا ھىجايغىنى — دىلكەشلىكى.
ماختىسا ئالدىمدا مېنى دوست بىلىپ،
قوزغىلار شۈدەم كۆڭۈلنىڭ غەشلىكى.

# پىخسىق

ئۆز ئۆيۈڭدە تۇتۇن چىقماس مورىدىن،
چاي ئىچسەڭمۇ شەپە يوققۇ ھورىدىن.
ئۆزۈڭ يەپلا ئۆزگىگە نەپ بەرمەيسەن،
ئايرىلمايسەن سىرتتا سومكا ـ كورىدىن.

## ماختىنىش

ماختىنىمەن بىر كىلو ئىچىپ،
ئەل ئالدىدا قانغۇچە ھەيھات.
سوئال قويدۇم ئۆزۈمگە ئاخىر،
«سەن قانچىلىك چىقاردىڭ قانات» ؟

## مېنىڭ پەرقىم

ياخشىلارنىڭ كۆڭلىدەك ئىچىلغىنىم ـ ئېچىلغان،
رەزىللىككە ئوق بولۇپ ئېتىلغىنىم ئېتىلغان.
ئايرىپ هەردەم هاياتتا ياخشى بىلەن يامانىنى،
مەردانىلارنىڭ سېپىگە قېتىلغىنىم قېتىلغان.

## ئەمەل تەمەسى

سوراپ قالدىم دوستۇمدىن شۇنى:
سەن جاھاندا ياشىدىڭ قانداق؟
تاپان يالاپ ئېرىشكىنىڭ ھەق،
شوتا قويۇپ چىققىنىڭ قونداق.

# جېدەلخور

ھەممە ئەيىپ بولسىمۇ گەر ئۆزۈڭدە،
دائىم شۇنداق ئار ـ نومۇسنى ساتىسەن.
باشقىلارغا خەنجەر ـ پىچاق تەڭلەپلا،
ھاكاۋۇرلۇق پاتقىقىغا پاتىسەن.

# ئاپرىن

ئانا دەرەخ تۆۋىگە ياپراق،
شوخلۇقىدىن ئۆزىنى ئاتتى.
ھاياتلىقنى بەرگەن يىلتىزنىڭ،
تۆۋىگە ئۇ سىڭىپلا كەتتى.

# مېنىڭ خۇيۇم

مەن دادامنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەندىم،
تاپقىنىدا، ئالقىنىدا پەرلەندىم.
مۇشۇ خۇيۇم ئۆزمگە بەك ياقىدۇ،
پەرداز بىلەن ئالتۇن ھەلدە ھەللەندىم.

# غۇرۇر

قايناملارغا كىرسەممۇ ھەتتا،
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزىمەن مەغرۇر،
تاشلانساممۇ كۆيمەيمەن ئوتتا،
كۆيمەسلىكىم ئەسلى ئۇ غۇرۇر.

# ئۇدۇملار

## دادا

تاڭ سۈرىتى ناماياندۇر چېھرىڭدە،
قۇياش ئەسلى يارالغانمۇ سېنىڭدىن.
شادلىق ھېسسى جىلۋىلىنەر مېھرىڭدە،
چېچەكمۇ ھەم ئۆگەنگەنمۇ سېنىڭدىن،

## ئانا

قولۇڭدا بار ئۆزگىچە بىر تەم،
ئەتسەڭمۇ گەر يوبدان، سۇيۇقئاش.
سەجدەقىلاي ساڭا مىڭ مەرتەم،
ئايىغىڭدا ئېگىپ تۇرۇپ باش.

# مۇئەللىمەن

مۇئەللىمەن قولۇمدا كىتاب،
ئۇندىن گۆھەر ـ ئۈنچە سۆزىمەن.
كۆچەتلىرىم ئالسا ئۇندىن نەپ،
ۋۇجۇدۇمدا شادلىق سېزىمەن.

# ئەپسۇسلىنىش

ئۆزۈڭ ئىدىڭ بىر چىنار مەزمۇت،
نۇر ئەمگەنتى بەرگىلىڭ قۇياشتىن.
خالىي ئەمەس ياشلىق چاغلىرىم،
جېنىم دادا كۆڭۈل ئاياشتىن.

# مويسپىتلەر

ئالدىڭلاردىن توغرا ئۆتۈش ئۇياتتۇر،
بىز سىلەرنىڭ ئىچىلدۇرغان گۇلۇڭلار.
كۆكرەك كېرىپ ئايغا سەپەر باشلىساق،
ئاپىرىن دەپ پەخىرلىنىپ كۈلۈڭلار.

# قۇياش ئانام

ئەسلى ئۆزۈم تاغدا تۇغۇلغاچ،
نۇرغا ئاشىق پۇتكۈل ھۇجەيرەم.
ھايات ماڭا قىممەتلىك بولغاچ،
قۇياش ئانام - ئانام مۆھتەرەم.

# ساھىل

قارىچۇقىدا ئەزىز ئانامنىڭ،
شەبنەم كەبى پاك قەترىنىڭ ھاسىلى.
بەرگەچ ماڭا يۈرىكىنى، مېھرىنى،
مەۋجۇت ئۇندا مۇھەببەتنىڭ ساھىلى.

## ئۇستاز

زىمىستاندا چۈشكەن ئاشۇئاق چېچەك،
سەن توزۇتقان ئاپئاق بورىنىڭ ئۆزىمۇ؟
ئاي شولىسى گۇۋاھ بولغان شۇ ئەمگەك،
باھار پەسلى ئېچىلغان گۈل ھىدىمۇ؟

# بىلىم ، ھۈنەر ئۆزۈندىلىرى

# ئۆزۈمگە رىغبەت

تۆك تەرىڭنى ئىجاد يولىدا،
مۈشكۈللەرنى، تاشلا ئاغدۇرۇپ.
ئەل بىشىدا كۆتۈرەر شۇ چاغ،
ساڭا ھۆرمەت ـ ئالقىش ياغدۇرۇپ.

## شائىر دېگەن

شائىر دېگەن ئوت-ئاتەش، لاۋۇلدىغان يۈرىكى،
ياغارىيۈكسەك ئەجرىگە ئەلنىڭ ھۆرمەت ئالقىشى.
شائىردىگەن قۇياش، ئاي، نۇردەك ئوتلۇق تىلىكى،
ئەقلى ئۇنىڭ بىر يۇلتۇز، مەڭگۈلۈكتۇر چاقنىشى.

## مۇبادا

ئىجاد، مېھنەت بىلەن ئۆتكەن ھاياتنى،
خوپ مەنىلىك ھايات دەيمەن ئۆزۈممۇ.
تەر ئاققۇزماي، ئەجىر قىلماي مۇبادا،
ئۆلۈپ كەتسەم يۇمۇلمايدۇ كۆزۈممۇ.

## نادامەت

يەتمىدىم مەقسەت ـ مۇرادقا ياش تۇرۇپ،
يەي دېسەم توقۇزى تەل، نان-ئاش تۇرۇپ.
ئۆزگىلەر كەتتى يىراقلاپ بەيگىدە،
نە سەۋەبكىن (مەندىمۇ بىر باش تۇرۇپ).

# ئەخمەقلىق

ئېگىز شوتا تىكلەي دېدىم ئاسمانغا،
لېكىن چامىم ـ ئەقلىم ئاڭا يەتمىدى.
ئەخمەقلىقىم بىلىندى ئۆز ـ ئۆزۈمگە،
بۇ خىيالىم پەقەت دىلدىن كەتمىدى.

## پەن ئۇچۇن

زۆھرانىڭ ئىشقىدا كۆيگەن تاھىر دەك،
مەن ئىلىم چۆلىنى كەزگەن دىۋانە.
نۇر ئۇچۇن قەسىدە يازغان شائىر دەك،
چىراغقا ئۆزۈمنى ئۇرغان پەرۋانە.

# بىلىم ــ كۈچ

مۇشتى زور يېڭىدۇ پەقەت بىرىنى،
بىلىملىك ئەكسىچە نەچچە ئون مىڭنى.
شۇڭلاشقا بىلىم ئال بار زېھنىڭ بىلەن،
رازى قىل ھەر زامان ۋەتەن، خەلقىڭنى.

## بۇرچۇم

سەنئەتچى ئوغۇلمەن قولۇمدا قەلەم،
سەھنىدە مىڭ تۈرلۈك كارامىتىم بار.
جۇدۇنغا باش ئەگسەم ئۇ ماڭا ئەلەم،
يۈرەكتە قۇياشتەك ھارارىتىم بار.

## سېستىرا

نامىڭىزدۇر ئاق خالاتلىق پەرىشتە،
دەيمەن شۇڭا ئورنىڭىز بار ئەرشتە.
بىمار ئۈچۈن دەريا كەبى مېھرىڭىز،
ئادەم ئۈچۈن مەنە پەقەت كۆلۈشتە.

## تەر

پېشانەمدىن تەپچىرىسە تەر،
ھالال مېھنەت ـ كەشپىيات ئۈچۈن.
ئاۋام شۇندا مىڭ ئاپىرىن دەر،
ھەربىر ئىجاد، ئىجتىھات ئۈچۈن.

# ھۆنەرۋەنلەرنىڭ سەلبىي سۈرەتلىرى

## ناۋاي

نان ياقىسەن يۈزى كۈنجۈت ياغ توقاچ،
تۈزى ئۆتكۈر تەمى بەتتام ـ شاكىلراب.
خېرىدارلار ئىككىنچىلەپ كەلمەيدۇ،
قاراپ باقماس داڭلىساڭمۇ ۋارقىراپ.

## ئاشپەز

پاقلان گۆشى ئاشخانىسى دەپ قويۇپ،
كالا گۆشى ئىشلەتكىنىڭ نېمىسى؟
چۆچۈرە ۋە مانتاڭ خېمىر توپلىمى،
ياقمايدىكەن خېرىدارغا قىيمىسى؟

## ساتىراش

خىجىل قىلدىڭ خەخ ئالدىدا مېنىمۇ،
پاختا تېرىپ قويدۇڭ ئىسسىت، بېشىمغا.
مايمۇن سياق ياساپ ساقال ـ بۇرۇتنى،
ئۇستىراڭنى سالدىڭ تېخى قېشىمغا.

## چېقىمچى

باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ـ ئەجرىنى،
يوق قىلاي دەپ باشلىقىڭغا دادلايسەن.
ئۆزۈڭ كولاپ تەييار قىلغان ئورىغا،
چۈشۈپ كېتىپ ئۆز بوينۇڭنى قاتلايسەن.

# تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى

# ھېچ بىلمىدىم

ھېچ بىلمىدىم بۇ ھاياتنىڭ سىرىنى،
تاپالمىدىم ماختايدىغان يېرىنى.
چۈشلىرىمدە گاداي بولدۇم، شاھ بولدۇم،
ياقتۇرمىدىم ياكى ئۇندىن بىرىنى.

## دېھقان

ئەجرىدە ھەممىنى باققانمۇ دېھقان،
ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە ياققانمۇ دېھقان.
ۋاپا ۋە ساداقەت مەردلىك خىسلىتى،
زېمىنغا مېھىر بوپ ئاققانمۇ دېھقان.

## تۇرمۇش

ھايات شاۋقۇن سالار ھەيۋەت،
مۇقامى ئاڭلىنار ھەر يان.
كۈلۈپ ـ يىغلاپلا ئۆتكەيمۇ،
جاھانغا تۆرىلىپ ئىنسان؟

## بالامغا

سەن مېنىڭكى ئۇماق پەرىشتەم،
تىنىقىم بار تىنىقلىرىڭدا.
بېلىق كەبى يايرىغىن، كۈلگىن،
قىلىقىم بار قىلىقلىرىڭدا.

## ھايات شەرھى

زەپمۇ كۆپ قىرلىق ئىكەن ئالەم ئىشى،
بەزىلەر تىمسال كۆپۈكنىڭ لەيلىشى.
بەزىدە ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتكەنمۇ خوپ،
قايغۇرۇپ ياشاش ھايات ئەللەيلىشى.

## مەنسىتمەسلىك

بۇزغۇن چېچىپ كۆۋەجىسە سەل،
كەلمەس مەڭگۇ ئوشۇقۇمغىمۇ.
ھەرنە ئىشتا باغلاغلىق بۇ بەل،
مۇشت ئۇرۇلسا تۇمشۇقۇمغىمۇ.

## پۇلنى دەپ

چاپقىنىم راست ھەر تەرەپكە پۇلنى دەپ،
راستىن ئېيتسام باغدىكى بىر گۈلنى دەپ.
سەپىرىمگە تىلىدىم ئاقىيول ئۆزۈم،
پاھ، يارامىلىق بولسا بىر، دۆلدۈلنى دەپ.

## كارۋان

ماڭار كارۋان مەنزىلىگە يەتكۈچە،
ئىز قالدۇرۇپ يوللار ئارا ھەر تۇرلۇك.
ئوخشىمايدۇ ھاياتنىڭ قىممىتى،
شۇنداقتىمۇ ئىز قالدۇرۇپ كەتكۈلۈك.

# هايات گۈلى

ئەقلىمىزدىن يارالغاندا تاڭ،
ئېچىلىدۇ هاياتنىڭ گۈلى.
ناۋا ئەيلەر شۇ گۈل ئىشقىدا،
ئەقىدىنىڭ كۈيچى بۇلبۇلى.

# بالىلىقنى سېغىنىش

سېغىنىمەن بالىلىقتىكى—
تاتلىق كەچمىش ـ يادا باققاننى،
كەپسىزلىكىم تۇتۇپ، كەچلەردە
ئاي، يۇلتۇزغا چالما ئاتقاننى.

## بالىلىقنى ئەسلەش

بالىلىق چاغ ئەجەب گۈزەل ـ سۈمباتلىق،
تالاي ـ تالاي شوخلۇقلارنى قىلغان بىز.
ئايدىڭلاردا ئوينىغانتۇق مۆكۈشمەك —
قالغان ئۇندىن ئەسلىمىلەر گۈزەل ئىز.

# ھەسرەتكە تەبىر

ھەسرەت نىمە ئۇ ئاچچىق كەچمىش،
دەرد ـ ئەلەمنىڭ مەنبەسى دىمەك.
بۇ دۇنيادا ياشىغانلارغا،
قايغۇ بىلەن شادلىق قوشكىزەك.

## قەدىرلىك ھايات

ئىشىكنى چېكەر ئۆلۈم شەپىسى،
ھەر ئىنساننىڭ پۈتسە ئۆمۈر كەپىسى.
قەدىرلىسە ھاياتىنى بىلگەنلەر،
كېلەر ھۆرمەت، ئالقىش ئۈمىد مەپىسى.

## تۇرمۇش دېگەن

تۇرمۇش دېگەن بۇ چوڭ سەھنىدە
ئالقىشلايدۇ تىرىكنى تىرىك.
ئالتە كۆنلۈك ھايات تاپار قۇت،
قەدىرلىنىپ ئۆتسەك بەلگىلىك.

# ھۇرۇن

سۆڭەك ئىزلەپ يۈرگەن ئىت كەبى،
ئۆتەر كۈنۈڭ لاغايلاپ ـ مەڭدەپ.
ئۆزۈڭ مېھنەت ـ ئەجىر قىلمىساڭ،
كىم بېرىدۇ بىر ناننى «يەڭ» دەپ.

# ئادەم ئۇچۇن

ھەر نەرسىدە ئۆزگىچە خىسلەت،
بۇ دۇنيادا خىلمۇ خىل قىممەت.
ئادەم ئۇچۇن سۆيگۈ گۈلىنى
ئېچىلدۇرۇش ھەممىدىن قىممەت.

## بالىلىق ھەۋەس

نى كويلارغا سالىدىكەن بەس،
تەلپۈنگەنچە بالىلىق ھەۋەس؟
شېرىن ھېسنى باغاشلاپ قانماي
ھەر دوقمۇشتا ئالىمەن نەپەس.

# ھايات سىمفونىيىسى

سايە كەبى بىر گۈزەل ئارمان،
ئەگىشىدۇ تۆت پەسىل ئوخشاش.
بۇ ھاياتنىڭ سىمفونىيىسى
يۈرەك بىلەن ئەسلىي رىتىمداش.

# ھەقىقەت ، ۋەتەن ئەقىدىلىرى

# ۋەتىنىم

پاك ئىشقىڭنى بۆشۈك قىلىپ ۋەتىنىم،
بۆلىۋەتتىم يۈرىكىمنى چەمبەرچاس.
بارلىقىمنى پەقەت ساڭا ئاتىدىم،
بولغاچ سۆيگۈڭ شۇنچە ئۇلۇغ - مۇقەددەس.

## ھەقىقەت

تېپىلار جانانغا «جان» ئەسقاتقىلى،
بولمايدۇ جاننى پۇلغا تاپقىلى.
بىلىمىز ھەم بۇ ھەقىقەت ھەممىگە،
بۆك بىلەن بولماس قۇياشنى ياپقىلى.

## ئەينەك

ھەقىقەت ئەبەدىي نۇرانە ئەينەك،
كۆرسەتمەس قارىنى زىنھار قىلىپ ئاق.
قاتتىق ۋە يۇمشاقنى سىنايدۇ ئېكەك،
ئىشەنمەي قالساڭ گەر ئوبدان قاراپ باق.

# ۋەتىنىم

ۋەتىنىم ئانامسەن پەپىلەپ باققان،
قاراڭغۇ دىلىمغا نۇر چىراغ ياققان.
ناتىۋان، دەرمانسىز بىر ئوغۇل ئىدىم،
جىسمىمغا ھەسسىلەپ كۈچ - مادار قاتقان.

# تەبىئەت تۇيغۇلىرى

## تاغلار

بۈيۈك قامەت مەغرۇرلۇقۇڭدىن،
ئەجدادىمنىڭ ئىزى كۆرۈنەر.
ھەۋەس بىلەن ساڭا ھەر باقسام،
ئىپتىخاردىن قەلبىم سۆيۈنەر.

# ئاسمان قىزى

ئىككى قىزى بار ئەزەلدىن ئاسماننىڭ،
بىرى قۇياش بىرى سۈزۈك تولۇن ئاي.
ئاي مونگلىنىپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرسا،
قۇياش كۈلۈپ چىقار خۇش چىراي؟

## يۇرتۇم

غۇر ۋۇرۇمنى ئۇيغاتقان ئاشۇ،
چەكسىز - چەكسىز ئېدىرلىق، قۇملۇق،
خىسلىتىڭدىن، مۇھەببىتىڭدىن،
پۈتەر كىتاب تۇمەن مىڭ توملۇق.

## سەھرايىم

ئېچىلدى ھايات گۈلۈم تاپتى مۇراد،
يۈرىغاچ ساپ ھىدىڭنى گۈپۈلدىتىپ.
ياشايمەن ئەركەككە خاس جۈرئەت بىلەن،
رەقىبلەر يۈرىكىنى پوكۇلدىتىپ.

## مۇھەببەت ـ نەپرەت

بەردى ئەقىل، ۋىجدانىمىزغا ھەم،
بىزگە تولۇق ئاتا تەبىئەت.
قوينى مۇنبەت قەدىردان تۇپراق،
زاكات بەردى مۇھەببەت ـ نەپرەت.

## گۈزەللىك

ئاھ ئەجەبمۇ گۈزەل تاڭ سەھەر،
گىرىم قىلار شۇندا تەبىئەت.
پەرى كەبى سەھرا ۋە شەھەر،
ھەر قەلبتە قوزغار مۇھەببەت!

## ئاي

قۇياش پەرى شۇنداق گۈزەل بولغاچقا،
يۇلتۇزلارنى مارجان قىلىپ ئاستى ئاي.
ئۆزى كۆرمەي يۈزىدىكى داغلارنى،
دەر ماختىنىپ «مەن ئەجەبمۇ خۇش چىراي».

## تەبىئەت ئانا

رېئاللىققا كۆلۈپ قارايمەن،
رەزىللىككە ياغدۇرۇپ نەپرەت.
چىن ۋىجداننىڭ جارچىسى ئۆزۈم،
بۇ خىسلەتنى تۇغقان تەبىئەت.

## سوئال

يېرىلمايدۇ تاغلار نېمىشقا؟
بولغاچقىمۇ قۇياشقا يېقىن.
چۆلدە نېچۈن ئۈنمىدۇ يۇلغۇن
بولمىسا يا قېشىدا ئېقىن؟

## مەنزىل سەنەم، مەن غېرىب

پاك ھېسلىرىم قۇچاقلىشار ئاي بىلەن،
مەن ھاياتنىڭ ئالقىنىمدا مۇكاپات.
مەنزىل سەنەم، مەن بىر غېرىب تەلپۈنگەن،
شۇ يوسۇندا ئۆتەر گۈلگۈن بۇ ھايات.

## مۇھەببەت

مەن تۇغۇلغان مۇشۇ تۇپراقتا
ئىستىقبالىم تاشلىدى سايە.
چۈنكى،
ئادەملىكنى بەرگەن ئۇ ماڭا.

# تۆھپىكارلار قەبرىسى

نۇر بېرىدۇ ئاي بىلەن يۇلتۇز،
كۈندۈزلەردە جىلۋىدار قۇياش.
ئاشۇ ئاددىي قەبرىنى كۆرۈپ،
تۆكمەيدىكەن كىملەر قېنى ياش.

# دەرياغا سۆز

ئەي دەريا ھەمىشە ئۇيناق ئاقىسەن،
شوخلۇقۇڭ تەپتىدىن شاۋقۇن ئاتىسەن.
خىسلىتىڭ، ئۇلۇغلۇق ھېكمەتلىرىڭدىن،
ھاياتلىق بابىغا ۋاراق ئاچىسەن.

# كەڭ قورساقلىق

يۈرىكىمگە سىغار يەر شارى،
ئاسمىنىمدا پارلايدۇ قۇياش.
سۈبھىلەردىن تارقالغان پاك نۇر
كۆچ بېرىدۇ ۋۇجۇدقا ئوخشاش.

# بۇ — مېنىڭ مەنزىلىم

ئۆك ـ سولۇمدا گۈل مېنىڭ گۈل ـ گۈل مېنىڭ،
باغدا خۇشۋاخ سايرىغان بۇلبۇل مېنىڭ.
سەپىرىم قانچە ئۇزۇن ئاقيول ھامان،
مەنزىلىمدە چاپچىغان دۇلدۇل مېنىڭ.

## ئورمان

ئورمان ـ ئورمان ئاھ يېشىل ئورمان،
قۇچىقىڭغا ئاتتىم ئۆزۈمنى.
ئەگىز سۈيى بەرگەچكە دەرمان،
قاماشتۇرۇپ ئالدىڭ كۆزۈمنى.

**图书在版编目(CIP)数据**

孤独的气息/穆汗莫德·艾合麦德著. —乌鲁木齐：
新疆青少年出版社，2002.10
ISBN 7—5371—4307—2

Ⅰ.孤… Ⅱ.穆… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 073341 号

责任编辑：艾尔肯·伊不拉音
伊力哈尔江·沙迪克
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提·亚森
封面设计：米尔扎提·塔吉

# 孤独的气息（维吾尔文）

（诗歌集）

穆汗莫德·艾合麦德　著

新疆青少年出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
乌鲁木齐八家户彩色印刷厂印刷
850×1168毫米　64开本　2.5印张
2002年10月第1版　2002年10月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－4307－2/I·2001 定价：5.00元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى : مېرزات تاجى



ISBN 7-5371-4307-2

9 787537 143073 >

ISBN7 - 5371 - 4307 - 2

I·2001(民文)定价:5. 00 元